# ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


**پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين**

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



2012 - 1434

IslamHouse.com

# حكم المصنوعات من جلود الحيوانات

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد بن صالح العثيمين

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

2012 - 1433

IslamHouse.com

# ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى

1695- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

گۆشى يېيىلىدىغان ياكى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئاشلانغان ياكى ئاشلانمىغان تېرىلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى شەرئىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى نېمە؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى پاكىزىدۇر. تۆگە، كالا، قوي، بۆكەن، توشقان ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى بوغۇزلاش بىلەن، مەزكۇر تېرە ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن پاك بولىدۇ.

ئەمما گۆشى يېيىلمەيدىغان ئىشەك، بۆرە، يولۋاس، پىل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، بوغۇزلانسۇن ياكى ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بولسۇن بەربىر نىجىستۇر. چۈنكى مەزكۇر ھايۋانلار بوغۇزلانغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تېرىسى ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن ئوخشاشلا نىجىستۇر. كۈچلۈك قاراشلاردا؛ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلاش ئارقىلىق پاك بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، ئاشلاش ئارقىلىقمۇ پاكلانمايدۇ ۋە نىجىسلىق ھالىتىدە قالىدۇ.

بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلار تۈردىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭ تېرىسى، ئاشلىنىشتىن بۇرۇن نىجىس ھېسابلىنىدۇ ئەمما ئۇ ئاشلانسا پاكىزە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنى يىغىنچاقلىساق، ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى: پاكىزە تىرە. بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن پاكىزىدۇر.

ئىككىنچى: نىجىس تىرە. چوشقىغا ئوخشاش گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلار بوغۇزلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ تېرىسى ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن ئوخشاشلا نىجىستۇر.

ئۈچىنچى: ئاشلاشتىن بۇرۇن نىجىس، ئاشلانغاندىن كېيىن پاكىزە تىرە بولىدىغان تىرە. بۇ گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار بولۇپ، شەرئى بوغۇزلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدۇر.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين ئۈچرىشىشلىرىدىن (52\39)